السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بۇ ئاجىز كىشى ماۋۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەردىن زېمىن توشقىچە بولغىنىدىن ياخشىدۇر

سەھلە ئىبنى سەئىد ئەسسائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن بىر كىشى ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە: «بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟» دېدى، ئۇ كىشى: ئۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىكراقى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ بىرەرگە ئۆيلىنىش تەلىپىنى قويسا، تەلىپى رەت قىلىنمايدىغان، شۇنداقلا بىرەر كىشىگە شاپائەت قىلسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى،-دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىم تۇردى، ئاندىن يەنە بىر كىشى ئۆتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا ئولتۇرغان كىشىگە: «بۇ ئادەمگە قانداق قارايسەن؟» دېدى، ئۇ كىشى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ كەمبەغەل كىشىلىرىدىن، ئەگەر ئۇ بىرەرسىگە ئۆيلىنىش تەلىپى قويسا، ئۇنىڭ تەلىپى رەت قىلىنىدىغان، شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، سۆز قىلسا سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان كىشى دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن دەۋاتقان كىشىلەر نەزىرىدىكى بۇ ئېتىبارسىز كىشى سەن يۇقىرىدا دېگەن ھىلىقى كىشىلەردەكلەردىن زېمىنغا توشقىچە بولغىنىدىن ياخشىدۇر» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئىككى كىشى ئۆتتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى: قەۋمىنىڭ ئىچىدىكى ئابرويلۇق، باشقىلارغا سۆزلىسە گېپى ئۆتىدىغان، سۆزىنى ئاڭلايدىغان، باشقىلارغا تەلەپ قويسا تەلىپى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى، ئىككىنچىسى بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاجىز كىشىلەردىن بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىناۋىتى يوق، باشقىلارغا تەلەپ قويسا تەلىپى رەت قىلىنىدىغان، شاپائەت قىلسا شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، سۆزلىسە گېپىنى ئاڭلىمايدىغان كىشى ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بۇ كەمبەغەل كىشى مۇنداق ئابرويلۇق كىشىدىن زېمىن توشقىچە بولغىنىدىن ياخشىدۇر» دېدى، يەنى بۇ كەمبەغەل كىشى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا، ئۇ كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئىناۋەتلىك، ئابرويلۇق كىشىدىن زېمىن توشقۇدەك بولغىنىدىن ياخشىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا شان-شەرەپ، يۈز-ئابروي، مال، نەسەب، چىرايلىقلارغا قارىماستىن، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارغا ۋە قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ. ھەدىستە: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ چىرايىڭلارغا، مال-مۈلكىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبىڭلارغا ۋە قىلغان ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ» دېيىلگەن، ئۇنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، 2564-نومۇرلۇق ھەدىس، ئىنسان ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى ئىشلاردا قەلبىنى ئىسلاھ قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىدىكەن، ئۇ كىشى ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچى، ئاللاھدىن قورۇققۇچى، ئاللاھ تەرىپىگە قايتقۇچى ۋە ئاللاھ رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلغۇچى بولىدۇ، بۇ كىشى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىززەت-ھۆرمەتلىكتۇر، مانا بۇ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ئابروي، مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا قەسەم قىلسا، ئاللاھ قەسىمىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغان كىشىدۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3880

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee